3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپاق ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

# يېڭىسار ئۆرۈكى «ئىپسىل جابدۇنۇپ» يىراققا سەپەر قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، جاڭ جېلى

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مۇخبىرلار يېڭىسار ناھىيەسىگە جايلاشقان شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىگە كىرگىنىدە، ئالدىراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە قاتار ـ قاتار رەتلىك تىزىلغان سوۋغاتلىق قاپلارنى كۆردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چاققانلىق بىلەن سوۋغاتلىق قاپلارغا پىششىقلانغان ئۆرۈك قاقلىرىنى قاچىلاۋاتاتتى. زاكاز كۆپ بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئىختىيارسىز قولىدىكى ئىشنى تېز قىلىۋاتاتتى.

«جۇڭچيۇ بايرىمى كېلەي دەپ قالدى، شەندۇڭ، بېيجىڭ، شاڭخەيگە ئەۋەتىلىدىغان زاكاز بەك كۆپ، ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتنى خېرىدارلارنىڭ قولىغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، يېقىندىن بۇيان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىزچىل ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ئۈچ ئاپتوموبىلدا 100 توننىغا يېقىن مال توشۇلدى، ئەتە يەنە ئۈچ ئاپتوموبىلدا ئىچكىرى رايونلارغا توشۇلىدۇ.» شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋاڭ يۈچيەن مۇنداق دېدى: بۇنداق «ئىپسىل جابدۇنۇپ» يىراققا سەپەر قىلىش يېڭىسار ئۆرۈكىگە نىسبەتەن بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس.

«ئۆرۈك ئەمدىلا پىشقاندا، بىز ئۇنىڭغا ‹چىرايلىق› كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ئارقىلىق يېڭى ئۆرۈكلەرنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا زىددە قىلماي ئاپىرىپ ساتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارمۇ ئۈزلۈكسىز ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىدۇ» دېدى ۋاڭ يۈچيەن.

شىنجاڭ يوۋلېگو يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى 2015 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. «دەسلەپتە بىز ئاددىي يۈك توشۇغۇچى ئىدۇق، يېڭىساردا شىركەت قۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز بۇ يەردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ يېڭىسار ئۆرۈكىنى سېتىپ چىقىرىش ئىدى، دەسلەپكى پىششىقلانغان ئۆرۈكنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى» دېدى ۋاڭ يۈچيەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، يېڭىسار ناھىيەسىدە باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىسار ئۆرۈكىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. دېھقانلارنىڭ قولىدىكى «گۆھەر»نى تېخىمۇ ياخشى باھادا سېتىش ئۈچۈن، 2019 ـ يىلى شىركەت تىجارەت ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 102 ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن توختام ئىمزالىدى، كارخانا خام ماتېرىياللارنى دەسلەپكى پىششىقلاش زاكازىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تاماملىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، تەييار مەھسۇلاتلارنى ھۆكۈمەت بازارغا ھاۋالە قىلغان سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئاشكارا سېتىۋالىدۇ، شىركەت يەنە بۇنىڭ ئىچىدىكى 70% مەھسۇلاتنى ئىنچىكە پىششىقلايدۇ.

«بۇ يىل شىركەت 7600 توننا ئۆرۈك سېتىۋالدى، دەسلەپكى پىششىقلاش خىزمىتىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تەقسىملەپ بەردى، كارخانا زېھنىنى مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا قاراتتى. ھازىر، شىركەت ئاساسلىقى قۇرۇتۇش، توڭلىتىپ قۇرۇتۇش قاتارلىق تېخنىكىلار ئارقىلىق ئىنچىكە پىششىقلايدۇ، ئۆرۈكنىڭ يانداش مەھسۇلاتلىرىدىن ئۆرۈك قېقى، ئۆرۈك بالقىقى، ئۆرۈك مۇرابباسى، ھەرخىل تەمدىكى ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار بار، ئۆرۈك ئۈچكىسى شاكىلىدىن يەنە ئاكتىپلاشقان كاربون پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولىدۇ. بىز يەنە كۈنىگە 30 توننا مېۋە شېكىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى كىرگۈزدۇق، بۇنداق بولغاندا ئۆرۈكنىڭ ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى ۋاڭ يۈچيەن.

يېقىنقى بەش يىلدا، يوۋلېگو شىركىتى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن 12 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى ھەم 280 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالىدىن 216 سى بار.

يېڭىسار ئۆرۈكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى، سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى، يانداش مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى شۇ جايدىكى دېھقانلارنى ئۆرۈك كەسپى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن قىلدى. «شىركەتكە ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئايدا 2500 يۈەن مائاش ئالدىم، كىرىمىم مۇقىملاشتى، ئائىلىمىزنىڭ ئون مو يېرىگە يەنە ئۆرۈك ئۆستۈردۇق، ئۆرۈكنى ساتالماي قېلىشتىنمۇ ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇق.» لومپا يېزىسى تېتىر باغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زورىگۈل تۇرە مۇنداق دېدى: «ئۆرۈكتىن بۇنچە كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، يەنە ئۆرۈككە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن».

خۇشاللىققا تولغان دۆلەت بايرىمى ــ قەلبلەرنى ئىللىتقان جۇڭچيۇ

# تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدىكى مول ھوسۇل يىلى پارىڭى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

جەم بولۇش تامقى يېيىش، يۈرەك سۆزلىرىنى قىلىش، دېھقانلارنىڭ ئىشىنى قىلىش... بۇ ئۇزاق دەم ئېلىشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى سوۋغاتلارنى ئېلىپ يېزا ـ كەنتلەرگە، مەھەللىلەرگە كېلىپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىلەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتى توغرىسىدا ئورتاق پاراڭلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، يوپۇرغا ناھىيەسى يوپۇرغا يېزىسى قارا ئۆزمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زىننەت مۇسا ئەتىگەندىلا ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ، سافانىڭ يۆلەنچۈك ياستۇقلىرىنى يېڭىدىن ئالماشتۇردى، چىرايلىق كۆڭلىكىنى كىيىپ، يۆبىلىڭ، ساڭزا، نان ۋە مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى تىزىپ، تۇغقىنىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ كادىرى ياۋ لى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا، ئىككىيلەن ئۆزئارا چىڭ قۇچاقلاشتى، «بىز دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇنى بىرلىكتە ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق، چاغان ئۆتكۈزگەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدىغان بولدۇق».

قوشماقلاشقان تۇغقانلار ھەر قېتىم كەلگەندە، زامانىۋى مەدەنىيلىك يېڭى كەيپىياتنى يېزا ـ كەنتلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى قايسى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز، ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىنىڭ پاكىز، رەتلىك، ئازادە ئىكەنلىكىنى، ئائىلە جابدۇقلىرى، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىيىنىش، ياسىنىشلىرىنىڭ بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ دافېڭ بازىرى گاۋچياۋ كەنتىدە، دېھقانلارنىڭ قاتار كەتكەن ھويلىلىرىدىن مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى تارقىلىپ تۇراتتى. «ھازىر ئاسفالت يوللار تۈز، ئۆيلەر چىرايلىق، كۆڭلىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ» دېدى ھويلا ـ ئارانلىرىنى سۈپۈرۈۋاتقان كەنت ئاھالىسى ئارزۇگۈل مەمەت خۇش تەبەسسۇم بىلەن. تۈن پەردىسى يېيىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ چوڭ قورۇسىغا كېلىپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كاتتا بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى جاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئوسمان ھۈسەيىن تۇغقىنى ئاقتۇ ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىسى خاۋ پېڭ بىلەن بىرلىكتە يۆبىلىڭ پىشۇردى، ئۇلار مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگكىنىدە، قەلبى بەختكە چۆمۈلدى. «دۆلەت بولغاندىلا ئائىلە بولىدۇ، ئائىلە ياخشى بولغاندىلا، ئاي ئاندىن يۇملاق كۆرۈنىدۇ. بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، كۈنلىرىمىزنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى ئۆتكۈزەيلى» دېدى خاۋ پېڭ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ بازىرى ئالغا كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئايالار بىرلەشمىسىدىكى تۇغقاندلاشقان كادىرلار تۇغقانلىرى بىلەن «مەن ۋەتەنگە بەخت تىلەيمەن» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كەنت ئاھالىسى سەلىمە سۇلتان ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكىدەك كۈنلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز پارتىيە ۋە دۆلەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، باش شۇجى شى جىنپىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز كېرەك». سەھنىنىڭ ئاستىدا شۇ ھامان قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئونسۇ ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى لى چۈنشيۇ ئىشلەمچى يېزىسىنىڭ ئىشلەمچى كەنتىگە كېلىپ، تۇغقىنى ھۆرىگۈل روزى بىلەن بىرلىكتە ياڭاق ئۈزدى يەنە رەسىمگە چۈشۈپ پېڭيوۋچۈەنگە چىقىرىپ، «تۇغقىنىمنىڭ ياڭىقىنىڭ پوستى نېپىز، دانىسى چوڭ، تەمى تاتلىق، زاكاز قىلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز...» دەپ ماختىدى. لى چۈنشيۇ مۇنداق دېدى: «بۇ يىلقى مول ھوسۇل تەستە قولغا كەلدى، مەن چوقۇم كۆپرەك ئامال تېپىپ، تۇغقىنىمنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ياردەم بېرىشىم كېرەك».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە بۇ يەردە ياشاۋاتقان پۇقرالار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل، يەكەن ناھىيەسى ئودانلىق بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋۇ لېي مۇنداق دېدى: يىغىنغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلدۇق، 80 نەچچە ياشلىق بىر ياشانغان كىشى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئېلىپ چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا: «بىز ھەقىقەتەن ياخشى دەۋرگە ئۇلاشتۇق» دېدى.

65 يىل جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي يۇرت ـ ماكانى قۇرۇپ چىقتۇق؛ 65 يىللىق تىرىشچانلىقىمىز نەتىجىلىك بولدى، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قايتا ئاتلاندۇق. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بېسىپ ئۆتكەن يولغا نەزەر سېلىپ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىدى، خۇلاسىلەش جەريانىدا ھازىرنى قەدىرلىدى، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ تولۇق ئىشەنچكە تولدى!

ھازىر، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يىغىن مەيدانىدا، كىشىلەر ھەم 65 يىللىق قالتىس مۇساپىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ھەم يېڭى دەۋرنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى.

«يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى يەنە يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ.» جاراڭلىق ئاۋاز مەيداندىكى ھەربىر كىشىنى ئىلھاملاندۇردى، 65 يىلدا يارىتىلغان مۇستەھكەم ئاساستا قايتا ئاتلىنايلى، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

«3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن گۈزەل پىلان تۈزۈپ بەردى.» ۋۇ لېي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشقا تىرىشىپ تۈرتكە بولىمىز.

يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويۇلدى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىياز مەردانىلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئۇزۇقلاندۇرۇشتىكى بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك».

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇشۈكۈر رەھمەتۇللا چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تەستە قولغا كەلگەن تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگولاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇش، توغرا يولدا مېڭىشنىڭ تارقاتقۇچىسى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولىمەن.

ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىش تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرىلەش ئۈچۈندۇر؛ يېڭى شاخ ـ يوپۇرماقلار مەزمۇت، كونا غولدىن بىخلىنىپ چىقىدۇ.

بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزى ئېلسۆيەر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئەجدادلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولىمەن».

«جەزمەن قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.» شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان تەپتىشى جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: پېنسىيەگە چىققان بولسامۇ، لېكىن ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى، ئاكتىپ تارقاتقۇچىسى، نەمۇنىلىك ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى، سادىق قوغدىغۇچىسى بولىمەن!

مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس گۈلباھار جالىمغازى مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

...

ئىلگىرىلەش كۈچى ئېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ! بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، ۋەتىنىمىز شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭ تارتىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەلەپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى باش ۋەزىپە قىلىپ، «ئۈچ مۇداپىئە سېپى»نى قەتئىي ياخشى ساقلاپ، چېگرا پورتلىرى، نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، «چېگرا سىرتى»دىن «دۆلەت دەرۋازىسى»غىچە، يەنە «ئۆي»گىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ كىرىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. «ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى چىڭ كۆزلەپ، كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق ھالقىلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، كونترول قىلىپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ھەرگىز يوققا چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ بايرىمى مەزگىلىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق ئورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش، ئالدىن كېلىشىپ ئېچىۋېتىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئېچىۋېتىش، تەرتىپلىك ئېچىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا تارقاقلاشتۇرۇپ، توپلىشىۋېلىشتىن ساقلىنىپ، ساياھەتچىلەرنى ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساياھەت قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. قاتناش قوراللىرى ۋە مەيدان ـ بېكەتلەردە ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيە قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، مېھمانخانا، مېھمانسارايلاردا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، تازىلاش ـ دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەت، قاتناش، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ساھەلەردىكى كەسپكارلارنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ، يېمەكلىك ۋە مۇھىت تازىلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نەپەس يولى، ئۈچەي يولى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۇقۇمى يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. نورمال داۋالاش مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، 24 سائەت پۈتۈن كۈنلۈك كېسەل كۆرۈش مۇلازىمىتى كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. نۆۋەتچىلىك ـ دېجورنىلىقنى كۈچەيتىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، دەم ئېلىش مەزگىلىدە يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇمىنى ۋاقتىدا بايقاش، تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ساھەلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىنتىزام تەلىپىنى چىڭىتىپ، ئىستىل تۈزىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، ئاما ئالدىنى ئالىدىغان، ئاما تىزگىنلەيدىغان، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ جۇڭجيۇ، مەڭلىك سېيىت، لىيۇ سۇشې، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈك يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)